FORB Learning Platform

# قول يازما : دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى - كەمسىتىشتىن قوغدىنىش

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىككە ئەڭ يېقىن بولغان ھوقۇق بولسا كەمسىتىلىشتىن ئۆزىنى قوغداش ھوقوقىدۇر. كەمسىتىلىش- كىشى پەقەت ئۆزى بولغانلىقى ئۈچۈنلا باشقىلارغا ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچرىمايۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىشتۇر.

خەلقئارا كىشىلىك قانۇنىنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق قائىدىنىڭ بىرى بولسا ھۆكۈمەت ئىچىدە دىنىي – ئېتىقادنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق ھوقوقنىڭ كەمسىتىلىشكە يول قويۇلماسلىق. بۇ قانۇن خەلقئارالىق كىشىلىك ۋە سىياسىي ھوقوق ئەھدىنامىسىنىڭ - ماددىسى شۇنداقلا كىشىلىك ھوقوق ئۇنىۋېرسال باياناتنامىسىدا قەيت قىلىنغان.

خەلقئارالىق كىشىلىك ۋە سىياسىي ھوقوق ئەھدىنامىسى، - ماددا، پاراگراف

ھەر قانداق ھۆكۈمەت ۋە پارتىيە ئۇشبۇ ئەھدىنامىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىش ھەمدە ئۆز تېرىتورىيىسى ۋە ئەدلىيە ھوقۇق دائىرىسىدىكى ھەممە كىشىنىڭ ئېرق، رەڭ، جىنس، تىل، ئېتىقاد، سىياسىي ۋە باشقا ئىدىيە، مىللەت، ئىجتىمائىي ئورۇن، يەر- مۈلۈك، كىلىپ چىقىش ۋە باشقا ھالىتىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر مۇشۇ ئەھدىنامىدىكى ھوقوقىدىن خەۋەردار بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

شۇڭا دىنىي- ئېتىقادقا باغلانغان كەمسىتىلىش ئېنىق شەرھىلەنگەن. كەمسىتىشكە قويۇلغان چەك مەجبۇرلاشقا قويۇلغان چەكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھۆكۈمەتتىن كەمسىتىشتىن ئۆزىدىن تارتىشنى تەلەپ قىلىنىپلا قالماستىن، جەمئىيەتتىكى كەمسىتىشنى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئارقىلىق توسۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، كەمسىتىش ھادىسىسى دېنىي- ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئۈستىدە ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولغان ۋە ھەر قانداق دىنىي- ئېتىقاد گورۇپپىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان دەپسەندىچىلىك بولۇشى مۇمكىن.

شۋىتسىيەدە، تەتقىقاتچىلار يەھۇدىلارنىڭ خىزمەتكە ئېرىشىش نىسبىتىنىڭ %   تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ بولسا %   تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. خىزمەتچىلەرنىڭ كىرست بەلگىسى ياكى ھىجاب قاتارلىق دىنىي پۇراقتىكى كىيىم كېچەكلىرىنى چەكلەشتە ياللىغۇچىنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ قانداق ۋە قايسى ئەھۋالدا كەمسىتىش ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشمۇ ياۋرۇپا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتلىرىدا كۆرمىڭ قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلىدۇر.

كەمسىتىش كۆپلىگەن شەكىلدە مەۋجۇت بولىدۇ. بەزىدە ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم دىنغا ئاڭلىق يان بېسىشىدىن، مەسىلەن، ھۆكۈمەت فوندىنىڭ ئوخشىمىغان گورۇپپىلارغا تەقسىملىنىشىدىن شەكىللىنىدۇ. بەزىدە

كەمستىش تېخىمۇ ئېغىر ھالەتتە بولۇپ، بەزى گورۇپپىلارنىڭ ھەقلىق سالاھىيىتىنى ياكى ئىبادەت ئورنى قۇرۇشىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ھوقۇقنىڭ ئىنكار قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي- ئېتىقاد ئاساسىدىكى كەمستىشىنىڭ تەسىرى دىنىي پائالىيەتلەردىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ نىكاھ، بالا ئېگىدارچىلىقى ياكى خىزمەت پۇرستى، ئۆي- مۈلۈك، پاراۋانلىق ياكى ئەدلىيە قاتارلىق تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر تەرەپلىرىگىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

نۇرغۇن دۆلەتلەردە كىشلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئۇلارنىڭ كىملىكىدە ئەسكەرتىلگەن. بۇ ئەھۋال ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھەر قېتىم كىملىكىنى كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغاندا كەمستىشكە نىسبەتەن ئاجىز قىلىپ قويىدۇ.

ھىندىنوزىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى ھىندىلار يەرلىكتە نىكاھلىنىش ياكى تۇغۇت ئۇچۇرلىرىنى تىزىملىتىشى رەت قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن يوللارنى بېسىشقا مەجبۇر بولىدۇ.خىرىستىيانلار بولسا چىركاۋ قۇرۇش ياكى ياساش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغاندا قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. دۆلەتلىك سوت مەھكىمىلىرى خىرىستىيانلار ئۈچۈن ئارقا- ئارقىدىن قانۇن- نىزاملارنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بەزىدە ئاشقۇن كۈچلەرنى ھاللاندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ قانۇن- نىزاملارنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ.

پاكىستاندا، كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى قائىدە-نىزاملار ئەھمەدىيەلەرنىڭ ئۆز ئېتىقادى توغرىسىدىكى تەبلىغ، تەشۋىقات ياكى ئۇچۇرلىرىنى جىنايى قىلمىشقا چىقارغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار سايلامغا قاتنىشىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان.

كېنىيەدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، دۆلەت ئىچىدىكى تېرورىزىمغا قارشى ئۇرۇش بىخەتەرلىك خادىملىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى كەڭ كۆلەمدە نىشانلىشىنى ھەم كوللېكتىپ جازىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. خالىغانچە تۇتۇش، قىيناش، ئۆلتۈرۈش ۋە غايىب بولۇش مەسىلىسىدە ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقى خەۋەر قىلىنغان بولسىمۇ ئېتىراپ قىلىنمىغان.

بىرمىدىكى يېگىرمە يىلدا، يەرلىك بۇددا راھىبلىرى ئۆز يىزىلىرىنى مۇسۇلمانسىز بەلباغ دەپ جاكارلىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتىشىنى ۋە تۈنىشىنى چەكلەش ھەققىدە يول بەلگىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئاھالىنى مۇسۇلمانلار بىلەن توپلىشىشتىن چەكلەپ ئۆچمەنلىك تەشۋىقاتلىرىنى تارقاتقان. ھوقۇق تۇتقانلار بولسا بۇنى توختىتىش ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمىغان.

كىشىلەر دائىم دىنىي- ئېتىقاد، ئېتنىك كىملىكى، جىنسىي ياكى تەبىقىسى دىگەندەك مەسىلىلەرئۈستىدە كەمسىتىشكە ئۇچرايدۇ. كىشىلىك ھوقۇق ئىبارىلىرىدا، بۇ كېسىشمە كەمسىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھالەت ئاياللار، يەرلىك خەلق، ئاز سانلىق مىللەت، ھەمجىنىسلار، كۆچمەنلەر ۋە پاناھلانغۇچىلارغا ئوخشاش بىر قىسىم

گورۇپپىلارنى دىنىي-ئېتىقاد ئەركىنلىكىدە تېخىمۇ ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

تۆۋەندە، ھىندىستاندىكى كېسىشمە كەمسىتىشكە ئالاقىدار بىر مىسالغا قارىپ باقايلى.

ھىندىستاندىكى تەبىقىلىق تۈزۈم بولسا سىستېمىلىق سىنىپىي تۈزۈمنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇنىڭدا كىشىلەر يۇقۇرى ياكى تۆۋەن تەبىقىگە ۋە تەبىقىسىز تۈركۈمگە ئايرىلىدۇ. دالىتلار بۇنىڭ مىسالىدۇر. دالىتلار ئادەتتە نامراتنىڭ ئەڭ نامرىتى بولۇپ، ئېغىر بولغان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي كەمسىتىشكە ئۇچرايدۇ.گەرچە ھىندى دىنىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، تەبىقىلىق تۈزۈمى پۈتۈن ھىندىستاننىڭ ھەر بىر قاتلىمىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر قانداق ئېتىقادتىكى كىشى مەلۇم تەبىقىگە تەۋە دەپ قارىلىدۇ.مەسىلەن، نۇرغۇنلىغان ھىندىستانلىق خرىستىئانلار ۋە مۇسۇلمانلار مۇشۇ دالىتلاردىن كېلىپ چىققان.

ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندا ھۆكۈمەت جىنسىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش سىستېمىسىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق تەبىقە تۈزۈمىنى چەكلەپ، تەبىقىچىلىق كەمسىتىشىگە تاقابىل تۇرۇشقا كۈچىگەن. بۇ سىستېما بىر قىسىم ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىدە ۋە دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئالىي مائارىپ ئورۇنلىرىدا ساقلىنىپ قىلىپ دالىتلارغا بەلگىلىك پاراۋانلىق بەخش ئەتكەن. ئەھۋال ياخشىلانغاندەك تۇيغۇ بەرسىمۇ، بۇ پاراۋانلىق پەقەت ھىندىي دالىتلار، سىيقلار ۋە دالىت ئۇرۇقىدىن

بولغان بۇددىستلارغىلا تەۋە بولۇپ، دالىت ئۇرۇقىدىكى خرىستىئانلار ۋە مۇسۇلمانلار بۇ پاراۋانلىقنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان.

خرىستىئان دالىتلار ۋە مۇسۇلمان دالىتلار جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ تەبىقىسى ھەم ئاز سانلىق دىندار بولۇش سەۋەبىدىن كەمسىتىشكە ئۇچرايدۇ. ئۇلار دىنىي-ئېتىقادى سەۋەبىدىن جىنسىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش سىستېمىسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ كەمسىتىشىگىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ خرىستىئانلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

خۇلاسە: ھۆكۈمەتنىڭ كىشىلەرنى دىنىي-ئېتىقاد سەۋەبلىك كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ يەنە جەمئىيەتتىكى كەمسىتىش ھادىسىسىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىش ۋە توسۇش مەجبۇرىيىتى بار.

كەمسىتىشنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر قاتلىمىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا، كىشىلەردىنىي-ئېتىقادقا ئوخشاش مۇرەككەپ ۋە چىگىش بولغان سەۋەبلەردىن كەمسىتىشكە ئۇچرايدۇ.

كىشىلىك ھوقۇق ھۆججەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ كۆپ كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇشقا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى تور بەتتىكى تەربىيلەش ماتېرىياللىرىدىن تاپالايسىز.